مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# يەنئەندىكى «ھولمس»: بۇ لۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شيۇڭيىڭ، تۇ چاۋخۇا)** زور دېلونى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ماۋجۇشى تەرىپىدىن يەنئەندىكى «ھولمس» دەپ تەرىپلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ بۇ لۇ.



بۇ لۇنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

بۇ لۇ، ئەسلىي ئىسمى لۇ ماۋخۇەن، يەنە بىر ئىسمى چېن بو، 1909 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لېخۇي ناھىيەسىدىن (ھازىرقى خەينەن ئۆلكىسىنىڭ چيۇڭخەي شەھىرى). بۇ لۇ بەش - ئالتە ياش ۋاقتىدا، ئاتىسىغا ئەگىشىپ دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتقان. پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنى تېجەپ، ئۇنى خۇسۇسىي مەكتەپكە ئەۋەتىپ ئوقۇتقان. 14 ياش ۋاقتىدا، بۇ لۇ خەيكوۋ چيۇڭنەن شىركىتى زاۋۇتىغا بېرىپ شاگىرت بولغان. 1926 - يىلى، ۋاڭ ۋېنمىڭ، لى جىڭمىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، بۇ لۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1927 - يىلى چيۇڭيادىكى «22 - ئاپرېل» ۋەقەسىدە، بۇ لۇ خەيكوۋدا گومىنداڭنىڭ ئەسكەر - ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ئۇ قەتئىي تىز پۈكمەي، كومپارتىيە ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان، بىر ئاي قامالغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرى پۇل خەجلەپ كېپىل بولۇپ ئۇنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بۇ لۇ ۋاڭ ۋېنمىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى چيۇڭيا ئاسىيلارغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى ئىنقىلابىي ئارمىيەدە تاپانچا بەننىڭ بەنجاڭى بولغان. چيۇڭيا ئاسىيلارغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى ئىنقىلابىي ئارمىيە ئىسمىنى چيۇڭيا ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، بۇ لۇ ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىنىڭ پەيجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، كېيىن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

1928 - يىلى، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئىنقىلابىي بازىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ لۇ قىسمىنى باشلاپ قوغداش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن سەپداشلىرى بىلەن تېپىشالمىغان، كېيىن چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان.

1932 - يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ لۇ شياڭگاڭ ئارقىلىق شيامېنغا بارغان، شيامېندا قىسقا ۋاقىت خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە شاڭخەيگە كەلگەن. بۇ لۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ كاتىپى، شاڭخەي پىرىستان ئىشچىلىرى باش ئۇيۇشمىسى، شاڭخەي ماتروس ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا پارتىيە شۇجىسى بولغان.

1936 - يىلى يازدا، بۇ لۇ شىئەنگە كېلىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى «خۇڭجۇڭ ئاگېنتلىقى» (شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئەسلىسى) ئىش بېجىرىش ئورنىدا خىزمەت قىلغان. شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ لۇ يەنئەن قىزىل ئارمىيە داشۆسىگە كىرىپ 4 - چوڭ ئەترەتتە ئوقۇغان.

1937 - يىلى يازدا، بۇ لۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تاللىنىپ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىغا بارغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1938 - يىلى، بۇ لۇ يەنئەن ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى 1 - قارارلىق رازۋېدكا، ئاخبارات كادىرلىرى ئالاھىدە تەربىيەلەش كۇرسىنى ئاچقان.

1942 - يىلى بۇ لۇ گومىنداڭ جۇڭتۇڭنىڭ «خەنجۇڭ مەشىق كۇرسى» زور دېلوسىنى بىر قوللۇق پاش قىلغان، چېگرا قوغداش ۋە خائىنلارنى تازىلاش تارماقلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، چېگرا رايونغا يوشۇرۇن كىرگەن خەنجۇڭ مەشىق كۇرسىدىكى جەمئىي 51 ئىشپىيوننى تۇتقان، ئالتە ئادەم قېچىپ كەتكەن، ئىشپىيون يىپ ئۇچىدىن 150تىن كۆپرەكى ئاشكارىلانغان. بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يەنئەندە پاش قىلىنغان ئەڭ چوڭ گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى. «خەنجۇڭ مەشىق كۇرسى» دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىشى چېگرا رايوننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، ماۋجۇشى بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، بۇ لۇنى يەنئەندىكى «ھولمس» دەپ تەرىپلىگەن!

1943 - يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ لۇ يەنئەن ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىدىن يۆتكىلىپ، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ سۈيدې رايونىغا كەلگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزاسى، ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

1946 - يىلى، بۇ لۇ شەرقىي شىمالغا ئەۋەتىلگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى سۇڭجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جەمئىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

1949 - يىلى، بۇ لۇ 4 - دالا ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ جەنۇبقا چۈشۈپ جياڭشىغا كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جەمئىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدا، گۇاڭجۇ ئازاد بولغان، بۇ لۇ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭجۇ شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغان.

1972 - يىلى، بۇ لۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

# ما يۈچىڭ: بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىش بىر ئائىلىدىكى قوش قەھرىمان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چى خۇڭشىن)** خاربىن شەھىرى داۋۋەي رايونىدىكى كونا كوچا قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، ئۆزگىچە جۇڭخۇا باروكوچە ئىمارەتلىرى سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىنى بۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشقا جەلپ قىلدى، كېلىپ - كېتىۋاتقان كىشىلەر تىنچ تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولماقتا. ھالبۇكى 40 نەچچە يىل ئىلگىرى، بۇ يەردە خاربىن ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوت يالقۇنىدا باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، خەلق ئۈچۈن قۇربان بولغان ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىسى ما يۈچىڭ مەيدانغا كەلگەن.



ما يۈچىڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ما يۈچىڭ، 1946 - يىلى تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1965 - يىلى 12 - ئايدا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە كىرگەن.

1974 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، خاربىندا تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن بولۇپ، ھەممە تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى، قار ياغمىغىلى ئۇزاق بولغان شەھەر ئادەتتىن تاشقىرى تۇتۇق ۋە قۇرغاق ئىدى. تۇيۇقسىز ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى جىددىي چېلىندى. خاربىن شەھەرلىك 5 - ئۈن زاۋۇتىدا تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەندى.

خاربىن شەھەرلىك 5 - ئۈن زاۋۇتى كونا شەكىلدىكى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق زاۋۇت ئىدى، ئوت خام ئەشيا سېخىدىن تۇتىشىپ، شىددەت بىلەن ئۈن تارتىش ئۆيىگە قاراپ يامرىغانىدى. ما يۈچىڭ سەپداشلىرى بىلەن ئوت كەتكەن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، ئوت پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرنى قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلاپ، پارتلاش ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نەق مەيداندىكى قوماندان ما يۈچىڭنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى ئايانكى، پارتلاپ ئوت كەتكەن سېخنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئېگىز، بىنادا ھېچقانداق ئىشىك - دېرىزە يوق، تېخىمۇ چوڭ پارتلاش يۈزبېرىشتىن بۇرۇن چاك - توزاننى شالاڭلىتىپ ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېخنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىش ئىدى. ئۇ كەسكىن ھالدا جەڭ بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىنتىپاق ئەزالىرىنى باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇغان.

ما يۈچىڭ خاربىن شەھەرلىك 5 - ئۈن زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالىنى بەك چۈشىنەتتى، ئەگەر ئوتنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ قالمىسا، كارخانىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق پار قازىنى ۋە 3000 جىڭدىن ئارتۇق ئاپتول ساقلايدىغان ماي ئىسكىلاتى پارتلاپ، تېخىمۇ زور ئاپەت كېلىپ چىقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇتاش كەتكەن خاربىن 1 - جابدۇق زاۋۇتى، خاربىن ئىلمە توقۇلما 2 - زاۋۇتى، خاربىن چوشقا يالى زاۋۇتى قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ئەتراپتىكى نەچچە يۈز ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالاتتى. نەق مەيداننى قارا ئىس - تۈتەك قاپلىغان بولۇپ، كۈچلۈك ئوت يالقۇنى چىدىغۇسىز ئىدى. ما يۈچىڭ خەتەر كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزى يالغۇز سۇ تاپانچىسىنى تارتىپ ئېلىپ، باشقا جەڭچىلەرنى بىردەك يەر يۈزىگە چېكىنىشكە بۇيرۇغان.

بەنجاڭ لىيۇ يۈيىن ما يۈچىڭنى تارتىپ تۇرۇپ: ئەترەت باشلىقى، خەتەرلىك، مەن چىقاي، دېگەن.

ما يۈچىڭ لىيۇ يۈيىننى كۈچەپ ئىتتىرىۋېتىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئەگەر ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، يەڭگەڭگە ئېيتىپ قوي، بالىنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلىسۇن، دېگەن.

ما يۈچىڭ گېپىنى تۈگىتىپلا، قولىغا سۇ تاپانچىسىنى ئېلىپ ئوت دېڭىزىغا ئېتىلىپ كىرگەن. لىيۇ يۈيىن بىلەن بىرنەچچە جەڭچىمۇ ئەگىشىپ ماڭغان.

يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغان چوڭ پارتلاش سېخنىڭ 5 - قەۋەت ئۆگزىسىنى پارتلىتىپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتكەن. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ئاسماننى قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلاپ، خىش - كاھىشلار يەرگە چۈشكەن. بىر غايەت زور كۈچ ما يۈچىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى بوشلۇققا ئېتىۋەتكەن.

ئىس تۈگەپ، ئوت ئۆچۈپ، جەڭ ئاخىرلاشقان، سەپداشلىرى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا خارابىلىكتىن ما يۈچىڭلارنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپقان، ھېچكىممۇ قايسىسىنىڭ كىمنىڭ پۇت - قولى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىغان. پارچىلىنىپ كۆيۈپ كەتكەن بىر جەسەت ئالدىدا، سەپداشلىرى ئوتتا كۆيۈپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن كەمتۈك قول چىراغ ۋە قولدا مەھكەم سىقىمدالغان يېرىم سۇ تاپانچىسىنىڭ ئۈستىدىكى «داۋۋەي» دېگەن ئىككى خەتكە قاراپ، ئۇنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ ما ئەترەت باشلىقى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان.

ما يۈچىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئوت يالقۇنى بىلەن ئېلىشىپ، كېيىن ياردەمگە كەلگەن ئوت ئۆچۈرۈش قىسمى ئۈچۈن ئوت ئۆچۈرۈش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەن. ئۇلار قۇربان بولۇش بەدىلىگە كارخانىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق پار قازىنى ۋە ماي ئىسكىلاتىنى، ئوت كەتكەن جايدىكى بىر تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان باشقا زاۋۇت، مەكتەپ ۋە ئەتراپتىكى نەچچە يۈز ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قالغان.

خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ قېتىمقى ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىدە قۇربان بولغان جەڭچىلەرنى تەقدىرلىگەن ھەم ما يۈچىڭغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازغان. 1975 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خاربىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەركىزىي گۇرۇپپىسى ما يۈچىڭغا نەمۇنىچى كومپارتىيە ئەزاسى دەپ نام بەرگەن. 1975 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ما يۈچىڭنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان. ھالبۇكى، ما يۈچىڭنىڭ ھېكايىسى تېخى ئاخىرلاشمىغان.

1988 - يىلى، ما يۈچىڭنىڭ چوڭ ئوغلى ما جۇڭشۈ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىشنى ئويلىغان. قىسىم ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ، ئۇنى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىشقا يۆتكىگەن. لېكىن ئۇ تارماق ئەترەتنىڭ رەھبىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان!

ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدە، ما جۇڭشۈ مەشىققە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇدا ئىككى يىل شەرەپ بىلەن شەخسلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە كۆرسەتكەن. 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەر سائەت 3 تە، خاربىن شەھىرى سۇڭخۇاجياڭ رايونىغا جايلاشقان ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش - قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدا زور ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن. ما جۇڭشۈ ئوت ئۆچۈرۈش سىگنالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى 121 - قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى ئىدى. ما جۇڭشۈ نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شامال ئۇرۇۋاتقان تەرەپكە جايلاشقان ماي ئىسكىلاتى ئەتراپىغا بېرىپ، ئوتنى بىۋاستە توسۇشنى تەلەپ قىلغان. تۈن قاراڭغۇسىدا، بىر چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى تۇيۇقسىز نورمىدىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن كېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈۋاتقان ما جۇڭشۈنى سوقۇۋېتىپ يىقىتىۋەتكەن، ئۇ شۇ قان ئىچىدە قۇربان بولغان.

19 يىل ئىلگىرى، دادىسى ما يۈچىڭ ئوت مەيدانىدا باتۇرلارچە يېقىلىپ، 28 يېشىدا قۇربان بولغانىدى؛ 19 يىلدىن كېيىن، ئوغلى ما جۇڭشۈمۇ ئوت مەيدانىدا باتۇرلارچە يېقىلىپ، 23 يېشىدا قۇربان بولغان.

يېڭى جۇڭگونىڭ تۆمۈريول ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى تېڭ دەيۈەن:

# مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چاڭشا، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ مېيەن)** 1974 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، تېڭ دەيۈەننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، تۇغقانلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئىلاجىسىز تىرىشىپ بارمىقى بىلەن ئۈستەل ئۈستىدىكى قېرىنداشنى كۆرسەتتى. قەغەز - قەلەمنى قولىغا بەرگەندە، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دېگۈدەك «خىزمەت قىلىش» دېگەن ئىككى خەتنى يازدى. بۇ تېڭ دەيۈەننىڭ پەرزەنتلىرىگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى ئىدى.



تېڭ دەيۈەننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

تېڭ دەيۈەن، 1904 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خۇنەن ماياڭدىكى بىر ئاددىي مياۋزۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1923 - يىلى ئۇ خۇنەن ئۆلكىلىك 2 - سىفەندە ئوقۇۋاتقاندا ماركسىزم بىلەن ئۇچراشقان، 1925 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. «12 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئاق تېررورلۇق يامراپ كەتكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئاۋغۇست يىغىنى ئېچىپ، ئىنقىلاب قورالى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىنى قىرغىن قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنى تەشكىللەش ۋە قوزغاشنى قارار قىلغان. تېڭ دەيۈەن خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم تەرىپىدىن كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى بۆلۈمگە بىۋاستە قاراشلىق 2 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خۇنەن، جياڭشى چېگراسىدىكى كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

1928 - يىلى 7 - ئايدا، تېڭ دەيۈەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، پېڭ دېخۇەي قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە پىڭجياڭ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قىزىل 5 - جۈننى قۇرۇپ، قىزىل 5 - جۈننىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ جىڭگاڭشەندە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، جەنۇبىي جياڭشى، غەربىي فۇجيەندىكى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا پېڭ دېخۇەي قىسمىنى باشلاپ جىڭگاڭشەنگە كېلىپ، جۇ دې، ماۋ زېدوڭ قوماندانلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇچراشقان. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشقان، كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىغا بېرىپ، گومىنداڭ جاھىل قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان.

1942 - يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تېڭ دەيۈەننى 8 - ئارمىيەنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا يۆتكەپ تەيىنلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېجەش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى جاپالىق يىللارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، تېڭ دەيۈەن ۋە مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ ياڭ لىسەن ماۋ زېدوڭنىڭ «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇم بىلەن شەخسكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش» ھەم كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1944 - يىلى ئەتىيازدا، داڭلىق «تېڭ سەنمۇجاڭ، ياڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ قولدا تۈزگەن زۇڭدۇيدىكى غىزالىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تېجەش لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان، قىسقارتىلىپ «تېڭ - ياڭ لايىھەسى» دەپ ئاتالغان.

1948 - يىلى 11 - ئايدا، تېڭ دەيۈەن جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، كېيىن قوشۇمچە تۆمۈريول بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى، جېڭجىۋېيۈەنى بولغان. يولداش جوۋ ئېنلەي ئۇنى خېلى بۇرۇنلا ئارمىيەدىن ئىقتىساد سېپىگە يۆتكەلگەن يولداش دەپ ماختىغان.

كونا جۇڭگونىڭ تۆمۈريولى ئىنتايىن كونا، قالاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالغاندا تۆمۈريول ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، نۇرغۇن تونېل، كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ كەتكەن، نۇرغۇن جايدا ھەتتا يول ئۈلىمۇ قالمىغانىدى. 1949 - يىلى 1 - ئايدا بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك تۆمۈريول خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندا، تېڭ دەيۈەن ئەينى چاغدىكى تۆمۈريول ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ئازادلىق ئارمىيە ئۇرۇش قىلىپ قەيەرگە بارسا، تۆمۈريولنى شۇ يەرگىچە ياساش» دېگەن مەردانە سۆزنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈريول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت شوئارى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزى قول سېلىپ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوماندانلىق قىلىپ، مەركەزلىك رەھبەرلىك قىلىش ۋە گۇرۇپپىغا ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كونا تۆمۈريولدىكى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈريولنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. كەڭ ئارمىيە - خەلقنىڭ بىر يىل ئەتراپىدا جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈريول ئاساسەن رېمونت قىلىنىپ قاتناش باشلانغان. بۇ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە كىشىلەر قەلبىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتقان.

ماياڭ مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى تېڭ دەيۈەن خاتىرە سارىيىنىڭ سارايى باشلىقى جېڭ بوياڭ باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: تېڭ دەيۈەن بىر ئۆمۈر ئادىل، دۇرۇس ياشاپ، مەيلى ئىنقىلاب مەزگىلىدە بولسۇن، ياكى يېڭى جۇڭگونىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى، قۇرۇلۇشلىرىدا بولسۇن، باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇپ، ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، ئۆزگىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى.